# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئاپتۇر: يالقۇنروزى

ئىسلامىيەتتارىخىدا 18- 19- ئەسىرلەرمىسلىسىزپاجىئەلىكدەۋرھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇئەسىرلەردەئىسلامىيەتدۇنياسىدىكىدۇنياۋىئىككى چوڭئىمپېرىيە بولغان تۈركئوسمان ئىمپېرىيىسى بىلەن تۈرك موغۇل ئىمپېرىيىسىكۈنسېرى ئاجىزلىشىپ قەدەممۇقەدەم ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ھەم ئاخىرقىھېسابتا يوقىتىلغان. ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدىكى، ئافغانىستان ۋە ئىران ئىگىزلىكىدىكى ئۇششاق ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھالىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلابولغان. بۇئەسىرلەردە يەنە ئىسلامىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بېرى يامراپ كېلىۋاتقان ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ بىدئەت قاراشلىرى ۋە چاكىنا تەشەببۇسلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادلىرىنى ئىزىدىن چىقىرىۋەتكەن. بولۇپمۇ، سوپى- ئىشانلار گورۇھى بارلىق ئىسلام ھوكۇمرانلىرىنىڭ سەلتەنەتىگە سالجىدەك چاپلىشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيا ھەققىدىكى جەڭگىۋار قاراشلىرىنى چىرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ھايات سەھنىسىدىن بەخت ئىزدەش غايىلىرىنى سىرلىق خىيالى تۇيغۇلىرىدىن قانائەت ئىزدەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا بۇرىۋەتكەن. مۇسۇلمانلار جامائىتىنى بولسا ئىزدىنىش- كۈرەشجاسارىتى كەمچىل، مەرىپەت روھى سۇس، ئەقىل كۈچىزەئىپ، ئىمانىمۇجمەل،ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن ئاڭقاۋ جامائەتكە ئايلاندۇرۇپ،خار- زارلىقكوچىسىداقېقىلىپ- سوقۇلۇپ ياشاشنى ھارئالمايدىغان ھورۇن، چېچىلاڭغۇ، بوشاڭ، قاشاڭ ئىللەتلەرنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتكەن.

دىمەك،ئىسلامىھاكىمىيەتلەرنىڭزەئىپلىششى،مۇسۇلمانلارنىڭچۈشكۈنلىشىشىئ ېغىرتارىخىيۈزلىنىش بولۇپقالغانمۇشۇدەۋرلەردەدەل بۇنىڭ ئەكسىچەياۋروپائەللىرىكۈنسىرىئويغىنىپ،كۈچىيىپبارماقتائىدى. ئۇلارنىڭ مەرىپەتروھى مىسلىكورۈلمىگەندەرىجىدەئويغىنىپھەرجەھەتتىنقۇدرەت

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

تېپىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭتوپ- زەمبىرەكبىكىتكەنيەلكەنلىككېمىلىرىدېڭىز -
ئوكيانلارنىتىنىمسىزكېزىپ،زامانىۋىقوشۇنلىرىسەلدەكيامراپيېڭىدىن -
يېڭىمۇستەملىكەزىمىنلارنىئىزدىمەكتەئىدى.
بولۇپمۇ،قارانىيىتىئۇرغۇپتۇرغانبىرىتانىيەئىمپىرىيىسىبىلەنچارۇسىيەئىمپىرىيە
سىنىڭبەس- بەسبىلەنزېمىنكېڭەيتىشىنەتىجىسىدەئىسلامىيەتدۇنياسىشىمالى
ئافرىقا،ھىندىستانچوڭقۇرۇقلۇقىۋە تۇرانتۇزلەڭلىكىدەكەينى -
كەينىدىنپاجىئەلىكقىسمەتكەتۇچاربولۇپ،قۇللۇقكىشەنلىرىبىلەنچەمبەرچاسباغ
لىنىپ،ئۇزىنىڭتارىخىدۇشمەنلىرىنىڭھوكۇمرانلىقىنىچەكسىزھەسرەتئىچىدەقۇب
ۇلقىلىشقا مەجبۇربولماقتائىدى.

مانامۇشۇنداقئېغىرتارىخىكۇلپەت ئىسلامىيەتدۇنياسىنىڭدىنىي شان-
شوھرىتىنى، مىللى ئەرك-
ھوقۇقىنىۋەمەرىپەتچىلىكروھىنىئەسلىگەكەلتۇرۇشئۇچۇن
پىداكارلىقكورستەلەيدىغانشىر يۇرەكمىللىداھىيلاربىلەن
ئوتيۇرەكمۇتەپەككۇرلارنىڭئوتتۇرىغاچىقىپكۇلپەتتىنقۇتۇلۇشنىڭيوللىرىئۇستى
دەئىزدىنىشىۋەتەپەككۇريۇرگۇزۇشىنىتەقەززاقىلدى.

زادىقانداققىلغانداقۇللۇقكىشەنلىرىنىئۇزۇپتاشلاپ،ئەقىدىنىساپلاشتۇرۇپ،مىلل
ىئاڭنىئويغىتىپ،مەرىپەتروھىنىتىكلىگىلى،خارلىق، ئىتتىپاقسىزلىق،
بوشاڭلىق، قاشاڭلىق،خۇراپاتلىقئىللەتلىرىگەخاتىمە
بېرىپئۇيۇشقىلى،كۇچەيگىلى،زورايغىلىبولىدۇ؟
مانابۇئىسلامىيەتدۇنياسىدىكىدىنى
مۇتەپەككۇرلاربىلەنمىللىداھىيلارپىداكارلىقبىلەنئىزدىنىدىغان،ئويلىنىدىغانجى
ددى تېمائىدى.

ئۇلۇغمەنىۋىيېتەكچى،دىنۋەمىللەتنىڭپىداكارى،ھازىرقىزامانمەدەنىيەتتارىخىم
ىزنىڭشانلىقئىپتىخارى،ئۇيغۇرىيېڭى مائارىپىنىڭئاساس
سالغۇچىسى،ئوتيۇرەكۋەتەنپەرۋەر،مەرىپەتپەرۋەر،ھورىيەتپەرۋەردىنى
ئالىمئابدۇقادىرداموللام 20- ئەسىرنىڭبېشىداخەلقىمىز

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئارىسىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ئوي - ئارزۇدىكى گىگانت زات ئىدى.
ئابدۇقادىر داموللام بىلەن
زاماندىش مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تىۋىپ ھۇسەيىنخان ئەكبەر
تەجەللى ھەزرەتلىرى (1856 - 1925) نىڭ تىلى بىلەن
ئېيتقاندا ئابدۇقادىر داموللام نازۇكلۇقتا روھقا،
ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلىمنىڭ موللۇقىدا پىڭىز غا ئوخشايتتى.

<<تەجەللى شېئىرلىرىدىن>> - مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000 - يىلى، 104 - بەت>.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تولۇق ئىسمى
داموللا ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس، تەخەللۇسى <<غازى>> ئىدى.
<<قەشقەرى>> دىگەن تەخەللۇسنى قوشۇپ ئاتىغۇچىلار مۇبار.

ئابدۇقادىر داموللام 1862 - يىلى قەشقەر
ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن<
تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى <<ئابدۇقادىر داموللام ۋە
<مىفتاھۇل ئەدەب> >> ناملىق ماقالىسىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوغلى
ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بويىچە ئابدۇقادىر داموللامنى ھىجرىيە
1278 - يىلى (مىلادىيە 1854 - 1855 - يىللىرى) تۇغۇلغان دەپ يازغان.
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 1985 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا قايتا بېسىلغان
<<تەجۋىد تۈركىي>> ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 1881 - يىلى تۇغۇلغان دەپ
كورسىتىلگەن. مەن ئاپتونۇم رايونىمىزدا نەشىر قىلىنغان كىتاب - ژۇرناللار داۋە
كىتاب - ماتىرىياللار دا بىر دەك ئېلىنىپ ئومۇملىشىپ قالغىنى بويىچە يەنىلا 1862 -
يىلى تۇغۇلغان دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.
بۇ ھەقتىكى تەتقىقات چوڭقۇرلىشىپ، ئېنىق پاكىت بىلەن مۇقىملاشقۇچە 1862 -
يىلى تۇغۇلغان دەپ ئېلىشنى توغرا دەپ قارايمەن.
مۇشۇ بويىچە بولغاندا، ئابدۇقادىر داموللام 62 - يېشىدا شېھىد بولغان بولىدۇ.>.

مەشھەد - قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانى دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي.
تارىختا ئوتكەن سەلتەنەت ئىگىلىرى بىلەن مەشھۇر ئولىمالار سۇلتان سۇتۇق
بۇغراخان بىلەن
ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ ھورمىتى ئۇچۇن، قەبرىگاھى يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى
ى بىناقىلغان. ئابدۇقادىر داموللام باشلانغۇچ مەلۇماتنى مانا مۇشۇ يەردىكى
<<ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسە>>سىدىن ئالغان. يېشى
15 كە يەتكەندە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئالدىدىكى ئالى بىلىم يۇرتى
<<خانلىق مەدرىسە>>گە ئوقۇشقا كىرىپ مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش دىنى ئىلىمدە ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى. چۇنكى ،
بۇخارا ئىسلام دىنى ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە مەشھۇر
مەدرىسلەر توپلانغان جاي ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر
<<سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام>><1> دەپ تەرىپلىشەتتى.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر <<خانلىق
مەدرىسە>>سىدە ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي،
دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۇچۇن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇيەردىكى
<<ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسە>>سىگە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنى ئىلىمنىڭ ھەر
قايسى تۇرلىرى بويىچە كامالەتكە يېتىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە،
ئىلمى مەنتىق، ھىساب پەنلىرىنى ۋە ئەرەپ، پارس،
ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن.
ئۇ بۇخارادا مەۋلانە ئابدۇرازاقى، بۇخارا مۇفتىسى داموللا ئەۋىزخوجەندى، قوقەندنىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇغجان تورەملەردىن دەرس ئالغان.
ساۋاقداشلىرى ۋە مەسلەكداش دوستلىرى ئۇرال
تاتارلىرىدىن بولغان رىزائىددىن پەخرىددىن، مۇساجارۇللا،
ئەھمەد پەردى ئابباس قاتارلىقلار بىلەن بەسلىشىپ ئىلىم ئوگەنگەن، دىن ۋە
مىللەت دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۇستىدە ئورتاق پىكىر يۇرگۇزۇشكەن.

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

## ئىزاھات

<1><<سەمەرقەندسەيقىلى ئالەم، بۇخاراقۇۋۋىتى ئىسلام>> دىگەن بۇئۇلۇغلاشنىڭتا
رىخى سەۋەبى باربولۇپ، بۇتۇراننىڭ ئۇلۇغ ھوكۇمرانى ئەمىر تومۇر (1335-
1405) نىڭ سەمەرقەندنى دۇنيابويىچە
ئەڭ كاتتا شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، كىشىلەر
<<سەمەرقەندسەيقىلى ئالەم>> (سەمەرقەندئالەم ئۇزۇكىنىڭ كوزى)
دەپ ماختاشقان. بۇخارا مۇئىلىم - مەرىپەت جەھەتتىكى شوھرىتى بىلەن
<<ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتى>> دەپ تەرىپلەنگەن.

ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن سەمەرقەند، ئوفالاردا مۇدەررىسلىك
قىلغان. مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك ئېھتىياجىنى كوزدە تۇتۇپ
<<ئاقائىدزورۇرىيە>>، <<ئىبادەت ئىسلامىيە>> نامىلىق كىتابلارنى تۈزۈپ
ئوفادا باستۇرۇپ تارقاتقان.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىشتىن ئىلگىرى ئىستانبۇل، قازان، خوجەنت، تاشكەن
ت قاتارلىق جايلاردا ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ،
ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يولغا قويغان يېڭىچە ئوقۇتۇش
شەكلى - <<ئۇسۇلى جەدىد>> نىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش شەكلى -
<<ئۇسۇلى قەدىمي> دىن كوپ ئىلغار ھەم ئۇنۇملۇك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپىدا <<ئۇسۇلى جەدىد>> نى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ۋە
ئومۇملاشتۇرۇشتا باشلامچى بولغان كىشى تاتار مىليونىر غەنباي ئىدى.
ئۇ كوپنى كورگەن، سېخىي، مىللەتپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشى
بولۇپ جاي - جايلاردا سودا -
سېتىق قىلىش جەريانىدا ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىن
ىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھىس قىلغان ھەم بۇنىڭ سەۋەبى ئۇستىدە كوپ ئويلانغان. ئۇ
بۇ سەۋەبنى تېپىش ئۈچۈن مائارىپقا باغلاپ چۈشەنگەن.

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

1893 - يىلى ئىيۇندا، غەنىباي سەمەرقەند شەھىرىگە باردۇ.
ئۇ سەمەرقەندتىكى بىر مېھماندارچىلىقتا قىرىملىق تاتار زىيالىيسى، مەشھۇر مەدەنىيە
تئەربابى ئىسمايىلبېك غاسپىرالى ئەپەندى قاتارلىق 20 نەچچە بىلىملىك زات
بىلەن بىللە بولۇپ قالىدۇ. بۇ سورۇندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ،
ئەينى
ۋاقىتتىكى مەدرىسلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قالاقلىقىنى، شۇڭا يېڭىچە ئ
وقۇتۇش ئۇسۇلى تېپىشنىڭ زورۇرلىكىنى ئېيتىدۇ. سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ
سوزىنى توغرا تاپىدۇ
ۋە سەمەرقەند شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ سىناق قىلماقچى بولۇشىدۇ. غەنىباي
مەكتەپ ئېچىشنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.
ئىسمايىلبېك ئەپەندى بولسا دەرسلىك
ۋە ئوقۇتقۇچى تېپىش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، باكۇلۇك ئوقۇتقۇچى سۇلتان مەجىدغە
نىزاتىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ.
بۇتەييارلىقلار پۈتنەكەندىن كېيىن، سەمەرقەند شەھىرىدىن ئوتتۇز غايېقىن بالىنى يىغىپ
بىر سىناپ قىلىپ <<ئۇسۇلى جەدىد>> چە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ دەرس باشلايدۇ.
دەرس ئوتتۇلۇپ قىرىق كۈنگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋادى چىقىدۇ.
سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. كىشىلەر مۇئاپىرىن ئوقۇشىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا <<ئۇسۇلى جەدىد>> چە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشنىڭ يولى
ئېچىلىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر مىليونىر غەنىباي ئورىنبورگ، قارغالى شەھەرلىرىدە ئارقا -
ئارقىدىن سىناق ئېلىپ بېرىپ كەڭ تاتار
ئاممىسى غا جەدىتچە ئوقۇتۇشنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى نامايان قىلىدۇ.
غەنىباي جەدىتچە مائارىپ ئۇسۇلىنى پۈتكۈل تاتار خەلقىگە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن
1902 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر كۈرەش قىلىدۇ. مىللەتپەرۋەر زىيالىيلار ئۇنىڭغا بار
كۈچى بىلەن ھەمدەمدە بولىدۇ. نەتىجىدە، تاتار مىللىتىنىڭ مائارىپ
ئېڭى مىسلى كورۈلمىگەن دەرىجىدە ئويغىنىپ 1900 - يىللارنىڭ بېشىدا تاتار
خەلقى ئارىسىدا باشلانغۇچ مائارىپ ئاساسى جەھەتتىن ئومۇملىشىدۇ < 1>

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

مالىك چانشىن (تاتار) <<جۇڭگو تاتارلىرى تارىخى>>، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
2001 - يىلى نەشرى.

تارىخنىڭ ئۇزاق جەريانلىرىدا تاتار
مىللەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ
ئۇراللىق تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تاتار مىللىتىنىڭ زېمىنلىرىنى بىر -
بىرلەپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلىكىگە ۋە ماددىي مەنپەئەتىگە قوشلاپ زەربە
بېرىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنداق زور مىللىي خەۋپ ئاستىدا
تاتار خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيە
ت سىستېمىسىدىكى قالاق ئىللەتلەرنى ئىسلاھ قىلىپ ئىسلام
دىنى بىلەن يېڭىچە مائارىپنى ماسلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان.
بۇ تارىخى ئويغىنىشنى بىر تۈركۈم تالانتلىق تاتار مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن تاتار
مىليونېرلىرى روياپقا چىقارغان. ئۇلارنىڭ
ئويغىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلى
كۆرۈلمىگەن بىر ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ مەركىزى بولۇپ مەدرىسە، نەشرىيۇملىرىنىڭ تەس
ىرى يىراق - يېقىندىكى قېرىنداش خەلقلەرئارىسىدا زىلزىلە قوزغىغان. 1905 -
1906 - يىللىرى تۇۋەن نوۋگورۇدۋە
سانكىت پېتېربۇرگدا تاتار مىللەتچىلىرى باشلامچىلىقىدا ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق ئىس
لام قۇرۇلتىيى بۇ ھەرىكەتنى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە قىلغان.

دەل شۇ
يىللاردا بىرىتانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بولغان قاراش
ىيىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇش،
نۆۋەتتىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربىي غەلبىدىن تاشقىرى غەلبىلەرنى قولغا كەلتۈ
رۈش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا ئىدى. 1906 - يىلى قاھىرەدە
چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان ئومۇمىيۈزلۈك
خىرىسىدىن دېرەك بەردى.
ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسى، ئىقتىسادى كونتر
ولىلىقىنىڭ تەدرىجى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ،

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

غەرپمەدەنىيىتىمۇسىڭىپكىرىشىنى جىددىيلەشتۇردى.
مىسىرداخىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئۇچۇن
غەربمىسسىئونىرلىرى مىسىرغاتۇركۇملەپ يېتىپ كەلدى.
بۇقېتىمقى يىغىن ئىسلام مەسىلىرىنى ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرد
نى، مەسىلەن دوختۇرخانا ۋە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئ
ىشلارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى. ئەزھەرئۇنۇۋېرسىتېتىغا تاقابىل تۇرۇش
ئۇچۇن خىرىستىئان ئۇنۇۋېرسىتېتىنى قۇردى. ئۇلار <<ئەڭ مۇھىم ۋاستە شۇنىڭدىن
ئىبارەتكى، ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ غەربكە
تەربىيەلەشكە ئەۋەتىش، ئۇلار دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن
گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيىۋى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك>><1> دەپ
قارار قىلىشتى.

ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەت دۇنياسى جىددى خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇ دەۋردە
<<تاتار مەدەنىيەت ئويغىنىشى>>
ئەۋجىگە چىققان شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلدى. ئاشۇ ئىدىيىۋى
دولقۇنلار داكۆرەش غايىسىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ
نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەندى.

ئۇ ئوزىنىڭ سەمەرقەند، ئوفالاردا مۇددەرسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك سۈپىتىدە تۈز
گەن <<ئاقائىد زورۇرىيە>> ناملىق ئەسەردە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان:

- ئىماننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس (سەۋەب) نىمەدۇر؟ - ئىككى نەرسەدۇر.
بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق؛ يەنە ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

- ئىززەت، ئابروي، قۇۋۋەت نىمە بىلەن بولىدۇ؟ - ئىلىم -
مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا
ئاسىيا ۋە تۈركىيلەرنى ئايلىنىش، كوزىتىش جەريانىدا تەپەككۇر قىلىش

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئارقىلىق ئاخىرىقى ھىسابتا يۇرتىنىڭ، مىللىتىنىڭ كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش
ئۈچۈن چوقۇم ئىشنى مائارىپتىن، مەدەنىيەتتىن باشلاش زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتكەن.
ئۇنىڭ بۇخىل ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى، يەنى يېڭىلاش -
جەدىتچىلىك ئىدىيىسى مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى جامالىددىن ئافغانى
ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق تېخىمۇ قۇۋۋەتتاپقان.

ئۇ *1907* - يىلى ئانا يۇرتى - قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. كوپ يىللار
چەتئەللەردە يۈرگەن
بۇ ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۇتەكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان شەھەردە ئ
وزغا يىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى.
ئالدى بىلەن چوقۇم نوپۇزتىكلەش، تەسىر پەيدا قىلىش، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە
بولۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر مەشھۇر مەدرىسلەر مۇكوپ، دىنى
ئالىملار مۇكوپ قەدىمى شەھەر بولغاچقا، ھەدىگەندىلا نوپۇزتىكلەش قىيىن ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن چاغ دەل قەشقەردە يېڭىچە
ئىبتىدائى مەكتەپلەر ئاندا - ساندا يولغا قويۇلۇۋاتقان، ئەنئەنىۋى ئىسلام
مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئانچە -
مۇنچە تىلغا ئېلىنىۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق
جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، جەدىتىزىملىق
ئىدىيىسى مۇكەممەل شەكىللەنگەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە پەننىي
مائارىپنىڭ ھامىيلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولان ئاكا - ئۇكا موسابايوفلارنى قىزغىن
قوللىدى. ئۇلار بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇردى. مەدرىسلەرنىڭ
دوگما تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى، قارىغۇلارچە يادلاتقۇزۇشنى ئاساس قىلىدىغان
ئوقۇتۇش شەكلىنى، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ
قىلىپ جەدىتىزىملىق مائارىپ ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى، ئوقۇتۇش
ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش
ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلدى. ئۇ مۇشۇ مەقسەتتە <<سەرپ-
ەھۋى>> (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، <<تەسھىلىل ھىساب>>( ھىساب
ئىلمى)، <<جۇغراپىيە ئىلمى>>، <<ئاقائىد زورۇرىيە>>( نېگىزلىك ئەقىدىلەر)،

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

<<مۇتالىئە هىدايەت>>(باشلامچى ئوقۇشلۇق)،<<بىدايەتۇس
سەرپ>>(لىكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس [ ئەسلىدە مورفولوگىيەدىن دەسلەپكى
ئاساس دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەكىدى])، <<بىدايەتۇن
نەھۋى>>،<<تەئلىمۇس سىبيان>>(گودەكلەرگە تەربىيە)،<<تەجۋىد
تۈركىي>>،<<مىفتاھۇل ئەدەپ>>قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ تاش مەتبەئەدە
باستۇرۇپ مەكتەپ- مەدرىسلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلىگەن. ئۆزى دەسلەپ
غۇجا چوڭنىڭ قۇملۇقىدىكى ئوزبېكلەر ئاچقان مەدرىسگە،كېيىن بەشئېرىق
مەھەللىسىدىكى لايپەشتاق مەدرىسگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلغان(ئابدۇرېھىم
سابىت: <<ئىلىم ئولمەيدۇ،ئالىم ئولمەيدۇ>>،قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،
1999 - يىلى نەشرى، 6- بەت).

ئەينىچاغدا، قەشقەرشەھىرىدەيىراق يېقىنغانامى مەشھۇرمەدرىسلەردىن ئون
بەشى بولۇپ، ئابدۇقادىردامولامنىڭ لايپەشتاق مەدرىسى ئەنە
شۇخانلىق مەدرىسى،ھېيتكاھمەدرىسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسى، قازان مەدرىسى،
ۋاڭلىق مەدرىسى،
باھاۋۇدۇن موھتەرەم مەدرىسى،دورغابەگ مەدرىسى،ناجى ھاكىمبەگ مەدرىسى،كەنجە
ھاجى مەدرىسى، ئوردائالدى مەدرىسى قاتارلىق مەدرىسلەرقاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ
200دىن ئارتۇق تالىپى بارمەشھۇر مەدرىس بولغان(ئەھمەدكامال(تۈركىيە):
<<چىن يوللىرىدائۇنتۇلماس خاتىرىلەر>>،ئوتۇكەن نەشرىياتى،1998 - يىل
نەشرى، 94 - بەت).

ئابدۇقادىردامولام تەبىئىتى ئېسىل،ئىمانى كامىل،مەلۇماتى چوڭقۇر،پىكرى ئوتكۇر،م
ۇنازىرىگە ماھىر،نۇتقى پاساھەتلىك ئالىم بولغاچقا ئۇزاق ئوتمەيلا قەشقەردىلا ئەمەس پۈ
تكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا نامى مەشھۇرزاتقا ئايلانغان.

ئابدۇقادىردامولام
شۇمۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇرخەلقى ئارىسىدا جەدىتىزىملىق مائارىپنىڭ بايراقدارى،مەر
ىپەتچىلىك ھەركىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

<<ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش ئابىر قىسىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمنىڭ ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ( <<ئۇمىد يۇلتۇزلىرى >> - غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب، 2001 - يىلى بېسىلغان نۇسخا، 288 - بەت).

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان ئۇيغۇر بالىسى - نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوف ئوزىنىڭ <<يورۇق ساھىللار>> ناملىق ئەسىرىدە 1914 - يىلى غۇلجىدىن چىقىپ مۇزئات داۋىنى ئارقىلىق ئالتەشەھەرگە قىلغان سەپەر جەريانىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائى، مەنىۋى پاجىئەلىرىنى كۆرۈپ: << بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە ھەممە ئىچىدە ئىككەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقىلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خېلى تەرەققى قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇسابايوفلار، ئابدۇقادىر داموللاملار بار، غۇ دەپ ئوزلىرىمىزگە تەسەللى بەرگەندۇق>> (ئەسەدسۇلايمان: <<تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ>> شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى، 96 - بەت) دەپ يازغانلىقىنى كورىمىز.

ئەمما، 1914 - يىلى يازدا باھاۋۇدۇن بايىنىڭ مەبلىغى ۋە غەيرىتى بىلەن ئۈستۈن ئاتۇشتا ئېچىلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پىداگوگىكا مەكتىپى - <<دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھادى (ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن) نىڭ باش مۇئەللىمى ئەھمەد كامالنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قەشقەردىكى دىنى ئولىمالار ۋە باي - بايۋەتچىلەر ئىككى گۇرۇھقا بولۇنۇپ كەتكەن. ئابدۇقادىر داموللام، شەمسىدىن داموللام، زېرىپ قارىھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجىم، باۋۇدۇن باي، نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، مەھمۇد ئاخۇن داموللام،

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، باش قازى
ئىسلام هاجى قاتارلىق كىشىلەر قوللايدىغان گۇرۇھنى، ئومەرباي، سېلىم
داموللا قاتارلىقلار قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھنى تەشكىل قىلغان.
قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ رۇس كونسۇلى ۋە ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ،
بۇ كۇرەشتە ئۈستۈنلۈك قازانغان.

ئەھمەد كامال شۇ چاغدىكى ئەھۋاللارتوغرىسىدا
<<بەيساقلىق مەھمۇد ئاخۇن داموللام بىلەن ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەر قاراڭغۇ كېچىدە چاقچان چاقماقتەك چىرايلىق ۋە مەنالىق سوزلىرى بىلەن
ئۇلار ئوچۇر مەكچى بولۇۋاتقان مائارىپ مەشئىلىنى چاقنىتىش
ئۈچۈن كوپ تىرىشتى>> (ئەھمەد كامال (تۈركىيە) <<چىن يوللىرىدا ئۇنتۇلماس خاتىرىلە
ەر>>. ئوتۇكەن نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى، 108 - بەت).دەپ يازغان.
ئەمما، ئاخىرقى ھىساباتا ئەھمەد كامال قولغا ئېلىنغان، <<دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھادى
>>تاقىۋېتىلگەن. قوللايدىغان گۇرۇھ تىكىلەر ئامالسىز قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە
شۇ يىللاردا 1 - دۇنيا
ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان، بولشېۋىكلار رۇسسىيە تىرىتورىيىسىدە ئۈستۈنلۈك قازانغان.
بۇ مۇئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۈچەيتىۋەتكەن.
مۇشۇنداق شارائىتتا، ئابدۇقادىر داموللام 1918 - يىلى ھەج پەرزىنى ئادا
قىلىش باھانىسى بىلەن چەت ئەلگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ تاشكەنت، شەمەي، ئۇفا،
قازان، ئورال، تۈركىيە، ھىجاز، مىسىر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئالىم -
ئۆلىمالار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. ئازابلىق ئويلارغا غەرق بولدى.
تېرەن تەپەككۇر تەلقىنلىرىنى جۇلغىدى. <<ئابدۇقادىر داموللام ئۇلار
بىلەن ئىلمىي سوھبەتتە بولۇش جەريانىدا ئوزخەلقىنىڭ ئىلىم -
مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھوكۇمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۇ قۇللۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇش سىياستىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار يەنىلا ھېچ
يەرنى كورمەي، ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە، قۇللۇق، جاھالەت، نادانلىقتىن ئەبەدى قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلدى.
ئۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن -

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

مەدەنىيەتسەۋىيىسىنى يۇقىرى كوتۇرۇشنى،مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئىش قائاشۇرۇشنى، ئۇز - ئارائىتىپاقلىق،مىللىي ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ،بىرنىيەت،بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇشنى ئۇز نىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ۋەكۈرەش نىشانى قىلدى.

ئۇ *1920* - يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى ئەمەلدارلارغا،جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككا رسوپى - ئىشانلارغا، ئاچ كوزبايلارغا،قەشقەردىكى خىرىستىئاندىن تارقاتقۇچىلارغا قارشى كۈرەشنى باتۇرلۇق بىلەن باشلىۋەتتى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ *:* << ھەر قايسىلىرى يۇرتنىڭ كوزى،خەلقنىڭ بېشى،ھالبۇكى خەلقىمىزنى ئىلىم - مەرىپەتكە،تەرەققىياتقا باشلىماستىن،پۇتكۇل ئىجتىھادۋە ئىشتىياق بىلەن موھۇر ھەق قىگە مەپتۇن بولۇپ،كۇندە چۇشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كومۇپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولا؟ بىز ئۇزبالىلىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي،ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق... تېخى ھەرخىل جازاچارىلىرىنى قوللىنىپ،خەلقنىڭ بېشىغا دەرت سېلىپ،ئۇلارنى جاراھەتلەندۇرمەكتىمىز. ئەگەر بۇتوغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق،كەلگۇسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا بىز ناھايىتى ئۇياتقا قېلىشىمىز، كەنەت - نەپرەتكە كومۇلىشىمىز مۇقەررەرگەپ( ئابدۇرېھىم سابىت*:* <<ئىلىم ئولمەيدۇ، ئالىم ئولمەيدۇ>>*.* قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. *1999* - يىلى نەشرى،*7* - بەت)>> دىگەن خىتابلىرىنى ئەسبىلىك دەپ بىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە توھمەت لەر توقۇشتى.

ئابدۇقادىر داموللام توقا - توھمەتلەرگە پىسەنت قىلماي،خەلقنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىنى چىڭىتىش،مەرىپەت روھىنى قوزغاش،ئادالەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش،ھورلۇك ئېڭىنى سەگىتىش مەقسىتىدە مەدرىسلەردە شاگىرت تەربىيىلەشنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. ئۇ ھەر كۇنى

بامازدىگەردىن كېيىن،ھېيتكاھجامائەدەئەمرىمەرۇپ،مۇنازىرەسورۇنلىرىنىئۇيۇشتۇ
رۇپ،ۋەز - تەبلىغ قىلىپ خەلققەئۇزلۇكسىز تەشۋىقات،تەرغىبات ئېلىپ باردى.
<<نەسىھەتى ئاما>>ناملىق مەشھۇرئەسىرىنى يېزىپ باستۇرۇپ تارقاتتى. ئۇ بۇ
ئېسىل ئەسىرىدەمۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: << بۇزامان غەپلەت
ۋەبىپەرۋالىق زامانى ئەمەس،ئويغىنىش ۋەسەزگۈرلۈك زامانىدۇر!
جاھىللىق ۋەنادانلىق دەۋرى ئەمەس،ئىلىم - مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق
ۋەبىكارلىق دەۋرى ئەمەس،تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم -
مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا،سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى
قۇرۇقلۇقتا يۇرگەندەك ئەركىن ئۇزۇشمەكتە. بىز
تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئولۇمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر.
بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىساق يوقىلىش ۋە ئولۇم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە
پۇرسەت بار. جانابىي ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى
دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۇمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس.

ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئوگىنىشنى ۋە كەسىپ (ھۇنەر - سەنئەت)
بىلەن
شۇغۇللىنىشنى كېرەككى،ھەرقانداق ئىشنى ئوزلۇكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى ئاللاھئاد
ەت قىلمىغاندۇر. بەلكى ھەربىر
ئىش تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كورسىتىش ئاللاھنىڭ يولىيۇرۇقىدۇر.
<ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر> دىگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ -
ئىسپاتتۇر>>(ئابدۇقادىر داموللام: <<نەسىھەتى ئاما>> -
شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى *2000* - يىلى *1* - سان، *71* - بەت).

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ زور تىرىشچانلىق كورسىتىشى نەتىجىسىدە قەشقەر
تەۋەسىدىلا ئەمەس،بەلكى پۇتكۇل تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلگەن.
كىشىلەر ۋەتەن
ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۇستىدە ئويلىشىدىغان،سوزلىشىدىغان بولغان.
ئۇ ھۇسەيىنخان تەجەللى،
شەمسىدىن داموللام،ساۋۇت ئابدۇلباقى كامالى،قۇتلۇق شەۋقى،باھاۋۇدۇنباي قاتارلىق

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com

مەشھۇر مەرپەتئاشنالىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە
بىرنىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمدەمدە بولۇشى نەتىجىسىدە يېڭى
بىر ئەۋلاد پىداكار شاگىرتلارنى تەربىيلەپ چىققان.

ئەينى يىللاردا يەنى 1920 -
يىللارنىڭ بېشىدا چار رۇسىيە، بىرىتانىيە كېڭەيمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بوغان سىڭىپ
كىرىش
قارانىيىتى، شىنجاڭنى ئوزلىرىنىڭ تەسىرداىرىسىگە ئېلىش ئۇرۇنۇشلىرى قەشق
ەرۋەزىيىتىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۇرۋەتكەن.
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆتم
ىگەن يېرىدىن چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رەزىل مەقستى كالتە
پەم، بۇرنىنىڭ ئۇچۇنى لاكورۇدىغان، شەخسىيەتچى، ھەسەتخور يەرلىك مۇناپىق باي -
ئولىمالارنىڭ غالچىلىق قىلىپ ماسلىششى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، مەنىۋى داھىيسى، پىداكار مۇتەپەككۇرى، ئوت يۇرەك
جەدىتىزىمچىسى ئابدۇقادىر داموللام 1924 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى
تاڭ سەھەردە ئوز ئويىدە ياللانغان قاتىل تەرپىدىن قەستلەپ ئولتۇرۇلگەن.
ئۇيغۇر خەلقى ئۇچۇن زور يوقىتىش ھىسابلانغان بۇ
قاتىللىق ۋەقەسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇركەتكەن. ئاۋام چەكسىز قايغۇ
- ھەسرەتكە چومگەن، شائىرلار ئازاپلىق ھىسياتى بىلەن مەرسىيلە رېزىشقان. يول
باشچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىشى ھەقىقەتەنمۇ، زىيىنى ناھايىتى زو
ر بولغان، ئۇيغۇر خەلقىنى مەڭگۇ ھەسرەتلەندۇردىغان تارىخى تىرورلۇق ئىدى.

2002 - يىلى 11 - سىنتەبىر

مەنبە: ئىسلام ئاۋازى تور بېتى

Azmat520

PDF created with pdfFactory Pro trial version www.pdffactory.com